# ئاپتونوم رايونىمىز ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلىرىدىكى 510 مىڭ ئوقۇغۇچى تۇنجى تۈركۈمدە ئوقۇش باشلايدۇ، 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، قانداق قىلغاندا ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ يېقىندا، مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ليۇ جيەننى زىيارەت قىلدى.

## مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا ماسكىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ

دەرس ئەسلىگە كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، ماسكا، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىق مۇداپىئە ئەشيالىرىنىڭ تەييار بولغان - بولمىغانلىقى ئائىلە باشلىقلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. ليۇ جيەن مۇنداق بىلدۈردى: ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش باشلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇداپىئە ئەشيالىرىنى پائال تەييارلاۋاتىدۇ، بۇ ئىككى كۈندە ئەشيالار ئارقا - ئارقىدىن تەييار قىلىنىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى.

«مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا ماسكىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ، ھەرقايسى جايلاردىن بۇ ئىككى كۈندە ئوقۇش باشلىنىپ بىر ئايغا يېتىدىغان ماسكا قاتارلىق باشقا مۇداپىئە ئەشيالىرىنى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى» دېدى ليۇ جيەن.

ئىگىلىنىشچە، ئالدىنقى مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەردىن ماسكا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى، قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى، ئىسپىرت قاتارلىق ئەشيالارغا بولغان ئېھتىياجىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تېگى - تەكتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەم شىنجاڭ ئىچىدىكى ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىشنى ماسلاشتۇرغان، ھازىرغا قەدەر، تۇنجى تۈركۈمدە ئوقۇش باشلايدىغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇداپىئە ئەشيالىرى پۈتۈنلەي تەييار قىلىنغان.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تۇنجى تۈركۈمدە دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلىرىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى كىچىك سىنىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، توپلىنىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى ۋاقىتىنچە ئېلىپ بارماسلىقنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپ قورۇسىنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇشنى، باشقا مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىشىنى بىردەك چەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەكتەپلەر ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئاماللىنىڭ بارىچە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراشتۇرماي، ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار ئوقۇتۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى، خادىملارنىڭ توپلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. «ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە تەكشۈرۈش» ۋە «كۈندە دوكلات قىلىش، نۆل دوكلات قىلىش» تۈزۈمى تەلەپنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

## نۆل باشلىنىش نۇقتىسىلىق ئوقۇتۇش بىرتۇتاش يولغا قويۇلىدۇ

«بىز ھەرقايسى مەكتەپلەردىن ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇش باشلىشىغا نۆل باشلىنىش نۇقتىسىلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، توردا ئوقۇتۇش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم پەرق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇتۇش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق.» ليۇ جيەن مۇنداق دېدى: بىر ئايدىن بۇيان ئازىيىپ كەتكەن ئوقۇتۇش ۋاقتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ۋاقتىنى تەرتىپلىك تەڭشىسە بولىدۇ، دەرسخانىدا ئەمەلىي سىناپ باھالاش قاتارلىقلارغا ئاساسەن، دەرس ۋاقتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلسا بولىدۇ.

توردىكى ئوقۇشقا سەۋەبلىك قاتنىشالمىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۆگىنىشتە قىيىنلىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» قوللىنىش تەلىپى بويىچە، ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، يېتەكچىلىك قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتۇش سۈرئىتىگە يېتىشىۋېلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىگىلىنىشچە، ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، توردا «دەرسنى توختاتسىمۇ، ئۆگىنىشنى توختاتماسلىق» تەلىپى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن تەييارلىق ئۆگىنىش ھالىتىگە كىرگۈزۈشتىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى يەنە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى 300 مىڭغا يېقىن ئوقۇتقۇچىنى توردا تەربىيەلىنىشكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، مەزمۇنى ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن دائىملىق تەربىيەلەش، دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش - تەسىس قىلىش، ئوقۇتۇشتىكى قىيىن نۇقتىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ليۇ جيەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىغا ئوقۇتۇش شەكلىنىڭ قانداق تەڭشىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش بىر باش پەللىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئادىل رىقابەتلىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

## «دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن كىتاب تەييار بولۇش، ھەربىر ئادەمدە بىردىن كىتاب بولۇش»

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى دەرسلىك مەسىلىسى توغرىسىدا ليۇ جيەن مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى دەرسلىك كىتابلارنى تارقىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، «دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن كىتاب تەييار بولۇش، ھەربىر ئادەمدە بىردىن كىتاب بولۇش»قا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلارنىڭ دەرسلىكلىرىنىڭ ھەممىسى تەييارلاپ بولۇندى، باشقا يىللىقلارنىڭ دەرسلىكلىرى ئالدىنقى ھەپتە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا توشۇلدى، 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەرقايسى يىللىقلار ئوقۇش باشلىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يېڭى كىتابلارنى ئالالايدۇ.

ليۇ جيەن مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۆگىتىش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ساغلاملىق تەربىيەسى، پسىخىكىلىق تەڭشەش قاتارلىقلارنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر 1 - سائەتلىك دەرستە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى دەرسىنى ياخشى ئۆتۈپ، ئومۇمىي خەلق «يۇقۇم»غا تاقابىل تۇرغانلىقىدەك بۇ جانلىق، تەسىرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جانلىق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، ھاياتلىق تەربىيەسى، ئىلىم - پەن تەربىيەسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى:

# مەكتەپلەر كۈندە دوكلات قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ساغلاملىقنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چاۋ جىن، سۇ لۇپىڭ، يۈ مېڭرەن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايون بويىچە مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى قانداق مۇستەھكەملىشى كېرەك؟ 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇنداق ئەسكەرتتى: بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش شەكلىنى قوللىنىپ، مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرى ئارىسىدا قويۇق ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش، ئىنچىكە ئىشلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە مۇدىر ۋىراچ نى مىڭجيەن مۇنداق ئەسكەرتتى: ھەرقايسى مەكتەپلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش لايىھەسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تۈزۈپ، مەخسۇس سىنىپ تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ مەسئۇل قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۆل دوكلات قىلىش ۋە كۈندە دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ساغلاملىقنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

نى مىڭجيەن مۇنداق دېدى: ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىل مەزگىلىدىكى سىرتقا چىقىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تىزىملاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشى؛ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتە ساغلاملىقنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ئېلىپ بېرىشى؛ مۇناسىۋەتلىك دېزىنفېكسىيە قىلىپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى؛ مەكتەپتىكى بارلىق ئۆگىنىش، خىزمەت سورۇنلىرىدا ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇشى، بىر كۈندە ئۈچ قېتىمدىن كەم بولماسلىقى، ھەر قېتىمدا 30 مىنۇتتىن كەم بولماسلىقى؛ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىمكانقەدەر ماسكا تاقاپ دەرس ئۆتۈشى ۋە دەرس ئاڭلىشى كېرەك.

«شارائىتى بار مەكتەپلەرنىڭ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ياكى سىنىپلارنى كىچىكلىتىش شەكلىدە دەرس باشلىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش، ئەخلەت قاچىلىرىنىمۇ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە دېزىنفېكسىيەلەپ بىر تەرەپ قىلىش؛ ئاشخانىدا تاماقنى ئۇچراشتۇرماي بېرىش شەكلىنى قوللىنىش، ئوقۇغۇچىلار قاچا - قۇچىلارنى ئۆزى ئېلىپ يۈرۈش، تاماقنى ئايرىم يېيىش تۈزۈمىنى قوللىنىش، بىر ئادەمدە بىر قاچا - قۇچا بولۇش، بىر ۋاق تاماقتىن كېيىن بىر قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە چوقۇم قول تازىلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.» نى مىڭجيەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئىشتىن قېلىش ۋە دەرستىن قېلىش ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشى كېرەك. ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە ئەگەر بەزىلەردە قىزىش، قۇرۇق يۆتىلىش، ماغدۇرسىزلىنىش، يۇتقۇنچاق ئاغرىش ياكى قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، ۋاقتىدا ئايرىپ كۆزىتىش ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، زۆرۈر بولغان يۆتكەپ داۋالاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

نى مىڭجيەن مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: ئەتىياز پەسلى تارقىلىشچان زۇكام ۋە پەسىل خاراكتېرلىك زۇكام كۆپ يۈز بېرىدىغان مەزگىل، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار كىيىم - كېچەكلەرنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق كىيىشكە دىققەت قىلىشى، سوغۇق تەگكۈزۈۋالماسلىقى كېرەك. ھاۋا ئىللىۋاتىدۇ، سىرتقا چىققاندا ماسكا تاقاشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، توپلىشىۋالماسلىقى، ئاغىز يېغىلىشى، پاراڭلاشقاندا ئارىلىق ساقلىشى كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# چېن خۋا: گۆھەر ئارالنىڭ قوغدىغۇچىسى، خەينەننىڭ ئالتۇن قالقىنى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەلق ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغۇچى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ليۇ دېڭ



چېن خۋانىڭ سۈرىتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

گەرچە ئارىدىن 18 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، چېن خۋانىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە روھى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۇسلاپ قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى، كېيىنكىلەر ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى.

چېن خۋا ھاياتىدا خەينەن ئۆلكىسى سەنيا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولۇپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ساقچى مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن. خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۇ جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كەسىپتە مۇكەممەللىك قوغلىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بەش قېتىم پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. شەرەپ بىلەن بىر قېتىم شەخسىي 3 - دەرىجىلىك تۆھپە كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان، ئۈچ قېتىم تەقدىرلەنگەن، كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان. خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن؛ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى «ئىنقىلابىي قۇربان» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن؛ خەينەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «گۆھەر ئارالنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

2001 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئىككى ئەر ۋۇخەن شەھىرىنىڭ نەنجىڭ يولىدىكى تيەنگې قەھۋەخانىسىدا مېي Xنىڭ 83 مىڭ 900 يۈەن خەلق پۇلىنى قوراللىق بۇلىغان، يەنە كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن يى Xنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى سادىر قىلغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى دەرھال پۈتۈن مەملىكەتكە A دەرىجىلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان.

2001 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېن خۋا خەينەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان، ئۇنىڭدا ھەمكارلىشىپ بۇ ئىككى قاچقۇننى تۇتۇش تەلەپ قىلىنغان، چېن خۋا دەرھال «1 - ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۆۋەتلىشىپ دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئىككى كېچە - كۈندۈز تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىر تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان مۇھىم جىنايەتچىلەرنىڭ خەينەن لىڭشۈي لىزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى مەلۇم مېھمانخانىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىغان.

2001 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، چېن خۋا جىنايەت گۇماندارلىرىنى قورشاپ تۇتۇش جەريانىدا، ئۇچىغا چىققان ياۋۇز، جاھىللىق بىلەن جان تالىشىپ قارشىلىشىۋاتقان قوراللىق قارا نىيەتلەرگە قارىتا بىرىنچى بولۇپ ياتاققا بېسىپ كىرىپ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق چىقىرىپ، قورشاپ تۇتۇشتا چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن. لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارمۇ چېن خۋاغا ئىككى پاي ئوق چىقارغان. چېن خۋا ئېغىر يارىلىنىپ قانغا مىلىنىپ يىقىلغان، ئەڭ ئاخىر يارىسى ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولغان.

چېن خۋا باتۇرلۇقى، قورقماسلىقى، پىداكارلىق روھى بىلەن ئەڭ دەسلەپ جىنايەتچىنى بويسۇندۇرۇپ، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنىڭ داۋاملىق زىيانغا ئۇچرىماسلىقىنى قوغدىغان، ھەم ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن كەينىدىكى سەپداشلىرىنى قوغداپ قالغان.

چېن خۋانىڭ ئىنىسى، سەنيا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چېگرادىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك ساقچى باشلىقى چېن ۋېننىڭ مۇخبىرغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئاكىسى قۇربان بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئوغلى ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقىدا، قىزى ئاران ئۈچ ياشتا بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر زەربە بولغان.

«ھازىر ئۇنىڭ قىزىمۇ چوڭ بولدى، يەنە ساقچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە ئىرادە تىكلىدى، مېنىڭچە بۇ دەل ۋارىسلىق قىلىش. مېنىڭ چېگرادىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىدىكى خىزمىتىم ناھايىتى جاپالىق، ناھايىتى ئېغىر بولسىمۇ مەن ئەزەلدىن ۋايساپ باقمىدىم، چۈنكى مەن ئاكامنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزسەم بولمايدۇ» دېدى چېن ۋېن.

سەنيا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى جى شياۋلۇڭ چېن خۋانىڭ شاگىرتى بولۇپ، ساقچى بولغاندىن بۇيان ئىزچىل چېن خۋادىن دېلو بېجىرىشنى ئۆگەنگەن. «ئۇ ھاياتى چېغىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان دېلولاردىن 160 نەچچىنى بېجىردى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولارنى نەچچە كېچە - كۈندۈز سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ. مەن قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ يېتىلدىم، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنى قەلبىمدىكى ئۆلگە دەپ بىلىمەن، مېنىڭ خىزمەتتىكى تەپەككۇرۇم ۋە خىزمەت ئۇسۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ماڭا ئۆگەتكەن».

يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لۇ چيەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىش ئورنۇمنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، پۇقرالار ئۈچۈن جىنايەتچى ۋە قاتىللارنى يوقىتىش يولىدا ھەرگىز خەۋپ - خەتەردىن قاچمايمەن. مېنىڭچە بۇ دەل چېن خۋا ئۇستازنىڭ بىز ياشلارغا قالدۇرغان ئەڭ ئاددىي ئەمما ئەڭ تەسىرلىك مەنىۋى بايلىقى».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەيكوۋ، 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# سۈي رۇڭلى: قارا نىيەتلەر بىلەن يالغۇز جان تىكىپ ئېلىشىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 1 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لياڭ شۈبىن)** بىر پەۋقۇلئاددە چوڭ تۇتقۇن قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى جيامۇس شەھەرلىك شىلىن ساقچىخانىسىنىڭ سابىق ساقچىخانا باشلىقى سۈي رۇڭلى توساتتىن بەش قوراللىق، پىچاقلىق قارا نىيەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. سەپدىشى ئوق تېگىپ قۇربان بولغان ئەھۋالدا، ئۇ قارا نىيەتلەر بىلەن يالغۇز جان تىكىپ ئېلىشىپ، 17 يېرىگە پىچاق تىقىلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

سۈي رۇڭلى، 1953 - يىلى تۇغۇلغان، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى جيامۇس شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شياڭياڭ شۆبە ئىدارىسى شىلىن ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى بولغان. 1981 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، سۈي رۇڭلى ئۇزاق مەزگىل جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جيامۇس شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، شياڭياڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، شىلىن ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ساقچى بولغان 20 يىلدا، ئۇ 500 دىن ئارتۇق چوڭ دېلو، مۇھىم دېلونى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلغان، كۆپ قېتىم شەرەپ بىلەن شەخسىي 2 - ، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان، تۆت قېتىم شەخسىي تەقدىرلەنگەن.

2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، بىر ئەر شىلىن ساقچىخانىسىغا كېلىپ دېلو مەلۇم قىلىپ، تاغىسىنىڭ تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن توپلاشنى ئېيتقانلىقىنى، تاغام باشقىلار تەرىپىدىن قاقتى - سوقتى قىلىندى دەپ گۇمان قىلغانلىقىنى ئېيتقان.

سۈي رۇڭلى دەرھال يۇقىرىغا دوكلات قىلغان، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن تۆت خەلق ساقچىسى ياردەملىشىپ تەكشۈرۈشكە كەلگەن. دېلو مەلۇم قىلغۇچىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، سۈي رۇڭلى، شىلىن ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى دىڭ داجېڭ ۋە خەلق ساقچىلىرى بىر ئاھالىلەر بىناسىغا كەلگەن. بىنا ئاستىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سۈي رۇڭلى قاتارلىقلار دېلو مەلۇم قىلغۇچىنىڭ تاغىسىنىڭ ئىشىكىنى چەككەن.

دېلو مەلۇم قىلغۇچى تاغىسىغا ئۆيگە كىرگەن سۈي رۇڭلى، دىڭ داجېڭنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، ئىككى تەرەپتىكى ياتاق ئۆيدىن بەش قوراللىق، پىچاقلىق قارا نىيەت ئېتىلىپ چىقىپ، سۈي رۇڭلى، دىڭ داجېڭغا تەلۋىلەرچە ھۇجۇم قىلغان. دىڭ داجېڭ ئوق چىقىرىپ بىر قارا نىيەتنى يىقىتقاندىن كېيىن، بېشىغا ئوق تېگىپ نەق مەيداندا قۇربان بولغان، سۈي رۇڭلى بەدىنىنىڭ تۆت يېرىگە پىچاق تىقىلغان بولسىمۇ قارا نىيەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، بىر قارا نىيەتنىڭ قول بارمىقىنى سۇندۇرۇۋەتكەن. قارا نىيەت ئىشىكتىن قاچماقچى بولغاندا، ئىشىك سىرتىدىكى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى تەرىپىدىن زەربە بېرىلىپ، ئىشىكنى يېپىپ ئۆي ئىچىگە چېكىندۈرۈلگەن. قارا نىيەتلەر ئېغىر يارىلىنىپ يەرگە يىقىلغان سۈي رۇڭلىغا ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە پىچاق تىقىپ، سىرتتىكى ساقچى كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ئەھۋالىنى قىستاپ سورىغان، سۈي رۇڭلى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، قەتئىي ھېچقانداق ئۇچۇرنى ئاشكارىلىمىغان. غالجىرلىشىپ كەتكەن قارا نىيەتلەر ئارقا - ئارقىدىن نەچچە پىچاق تىققانلىقتىن، ئۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ساقچى تەرەپ تېزلىكتە ساقچى كۈچى يۆتكەپ جىددىي بىر تەرەپ قىلغان، ئىككى قارا نىيەت ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۈچى قولغا ئېلىنغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ پەۋقۇلئاددە چوڭ تۇتقۇن قىلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش دېلوسى بولۇپ، سۈي رۇڭلى، دىڭ داجېڭ قاتارلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، قورقماسلىقى ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشى سەۋەبلىك، تۇتقۇن قىلىنغان تۇتقۇن خەۋپ - خەتەردىن ئامان قالغان. قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، سۈي رۇڭلىنىڭ بەدىنىنىڭ 17 يېرىدە چوڭقۇر پىچاق ئىزى بار بولۇپ، كۆكرىكىگە ئەجەللىك تۆت پىچاق تىقىلغان.

سۈي رۇڭلىنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەتدىشى، ھازىرقى تاڭيۈەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېڭ مىن مۇنداق دېدى: سۈي رۇڭلى ئاددىي - ساددا بولۇپ، پۈتۈن زېھنىنى خىزمەتكە ئاتىغانىدى. خەتەر ئالدىدا، ئۇ دائىم باتۇر، قورقماس بولۇپ، قىلچە چېكىنمەيتتى، قارا نىيەتنىڭ قورالى ۋە پىچاق بىسىغا بىۋاستە ئېتىلاتتى، قانچىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتە، شۇنچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

سۈي رۇڭلى قۇربان بولغاندىن كېيىن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى، 2002 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

سۈي ۋېنجۈن سۈي رۇڭلىنىڭ قىزى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ. «بېشىدىكى دۆلەت گېربى ئۈچۈن دادام ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلدى. مەن ئۇنىڭ قورالىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئىكەنمەن، ھەرگىزمۇ دادامنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىم كېرەك» دېدى سۈي ۋېنجۈن.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، سۈي رۇڭلىنىڭ قۇربان بولغىنىغا 20 يىلغا يېقىنلىشىپ قالدى، سەپداشلىرى ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ھەر يىلى بايرامدا، ئەسلىدىكى خىزمەتدىشى، ھازىرقى جيامۇس شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چارلاش ئالاھىدە ساقچى تارماق ئەترىتىدە چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان فېڭ جىگۇاڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلايدۇ. ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، فېڭ جىگۇاڭ ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ، سەپدىشى ئۈچۈن تاماكا تۇتاشتۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)